



رامىزان روزىسى ھەققىدە 50 سەھىھ ھەدىس








توپلىغۇچى : مۇھەممەد بىن ئەلي بىن مەتەري

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇھەممەد جانبازي





رامىزان روزىسى ھەققىدە
50 سەھىھ ھەدىس

خمسون حديثًا صحيحًا في رمضان

توپلىغۇچى : مۇھەممەد بىن ئەلي بىن مەتەري

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇھەممەد جانبازي

2024-03-06

بسم الله الرحمن الرحيم

عن ابن عمر رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال : « لا تصوموا حتى تروا الهلال ولا تفطروا حتى تروه فإن أغمي عليكم فاقدروا له»

(رواه البخاري ومسلم)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: (رامىزانىنىڭ) يېڭى چىققان ئېيىنى كۆرمەي تۇرۇپ روزا تۇتماڭلار ، (شەۋۋالنىڭ) يېڭى چىققان ئېيىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئېغىز ئاچماڭلار . ئەگەر ئاي كۆرۈنمىسە ئاندىن (شەئبانىنىڭ) سانىنى مۆلچەرلەڭلار .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم «لا يتقدمن أحدكم رمضان بصوم يوم أو يومين، إلا أن يكون رجل كان يصوم صومه، فليصم ذلك اليوم»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر (رامىزان ئېيىنىڭ ئالدىدا) بىر ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتۇش بىلەن رامىزانىنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالماڭلار، بىر ئادەمنىڭ بۇرۇندىن روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقان كۈنگە (ئۇدۇل) كېلىپ قالغان بولسا بۇ ئايرىم ئەھۋال، ئۇ ئادەم روزا تۇتىۋەرسە بولىدۇ .

بىرلىكە كېلىنگەن ھەدىس

عن عمَّار بن ياسر قال: «من صام يوم الذي يُشك فيه، فقد عصى أبا القاسم محمدًا صلى الله عليه وسلم»

(رواه أصحاب السنن أبو داود والترمذي والنسائي وابن ماجه وصححه الألباني)

ئەمار ئىبنى ياسىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ ، ئۇ مۇنداق دېگەن : كىمكى (رامىزان ئېيى كىرگەنمىدۇ، ياكى كىرمىگەنمىدۇ دەپ) شەك قىلغان كۈنى روزا تۇتسا ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.

ئەبۇ داۋۇد, تىرمىزى ،نەسائى ، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان.

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «إذا جاء رمضان فتحت أبواب الجنة وغلقت أبواب النار وصفدت الشياطين»

(رواه مسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيى كەلسە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ دوزاقنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ . شەيتانلارغا كىشەن تاقاق سېلىنىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إذا كان أول ليلة من شهر رمضان صفدت الشياطين، ومردة الجن، وغلقت أبواب النار، فلم يفتح منها باب، وفتحت أبواب الجنة، فلم يغلق منها باب، وينادي مناد: يا باغي الخير أقبل، ويا باغي الشر أقصر، ولله عتقاء من النار، وذلك كل ليلة»

(رواه الترمذي وصححه الألباني)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كېچىسى بولغىنىدا شەيتانلار ۋە ئاساۋ جىنلار زەنجىر كىشەن بىلەن باغلىنىدۇ. دوزاقنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىپ بىرمۇ ئىشىك ئېچىلمايدۇ، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ بىرسىمۇ تاقالمايدۇ. بىر جاكارچى شۇنداق

جاكارلايدۇ: ئەي ياخشىلىق تەلەپكارى! بېرى كەل . ئەي يامانلىق تەلەپكارى! توختا (ئارقىغا قايت!) . ئاللاھ بىر تالاي بەندىلەرنى دوزاقتىن ئازات قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەر كېچە بولۇپ تۇرىدۇ.

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ، ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان.

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «أتاكم رمضان شهر مبارك فرض الله عز وجل عليكم صيامه تفتح فيه أبواب السماء وتغلق فيه أبواب الجحيم وتغل فيه مردة الشياطين لله فيه ليلة خير من ألف شهر من حرم خيرها فقد حرم»

(رواه النسائي وصححه الألباني)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: بەرىكەتلىك ئاي بولغان رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى. ئاللاھ بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى سىلەرگە پەرز قىلغاندۇر. بۇ ئايدا ئاسماننىڭ (رەھمەت) ئىشىكلىرى ئېچىلىپ جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. بۇ ئايدا ئاساۋ (ئەسكى ناچار) شەيتانلار زەنجىر كىشەنلەر بىلەن باغلىۋېتىلىدۇ. بۇ ئاي ئىچىدە بىر كېچە بار بولۇپ, ئۇ كېچە مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر. بۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قالغان ئادەم (ھەممە خەيردىن) مەھرۇم بولغان ئادەمدۇر.

ئىمام نەسەئى رىۋايەت قىلغان ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول: «الصلوات الخمس والجمعة إلى الجمعة ورمضان إلى رمضان مكفرات ما بينهن إذا اجتنب الكبائر»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيتتى: بەش ۋاقىت ناماز ، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە ، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە (كىشى) گۇناھى

كەبىردىن (چوڭ گۇناھلار) ساقلانسا ئارىسىدىكى گۇناھلارغا كەپپارەتتۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «من صام رمضان إيمانًا واحتسابًا غفر له ما تقدم من ذنبه، ومن قام ليلة القدر إيمانًا واحتسابًا غفر له ما تقدم من ذنبه»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلىمىز ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: كىمكى رامىزان ئېيىدا ئىمان ئېيتقانلىقى يۈزىسىدىن ۋە ئەجىر تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن روزا تۇتسا ئۇ كىشىنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى كەچۈرىلىدۇ. كىمكى قەدىر كېچىسى ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە ئەجىر تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن كىچىدە قوپسا (ئىبادەت قىلسا) ئۇنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «من قام رمضان إيمانًا واحتسابًا غفر له ما تقدم من ذنبه»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى رامىزان ئېيىدا ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە ئەجىر تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن كېچىسى قوپۇپ ئىبادەت قىلسا، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم: "صلى في المسجد ذات ليلة في رمضان فصلى بصلاته ناس ثم صلى من القابلة فكثر الناس ثم اجتمعوا من الليلة الثالثة أو الرابعة فلم يخرج إليهم رسول الله فلما أصبح قال: «قد رأيت الذي صنعتم فلم يمنعني من الخروج إليكم إلا أني خشيت أن تفرض عليكم»"

(رواه البخاري ومسلم)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدا بىر كېچىسى مەسجىدتە ناماز ئوقۇدى، بىر تۈركۈم كىشى رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ ناماز ئۇقۇشتى ، يەنە كېيىنكى كۈنىمۇ نامار ئوقۇدى شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر جۇغلاشتى . ئاندىن ئۈچىنچىمۇ ياكى تۆتىنچى كېچىمۇ ئادەملەر توپلاندى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقمىدى . تاڭ يورىغاندا رەسۇلۇللاھ دېدىكى : مەن سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلارنى كۆردۈم ، مېنى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا چىقىشتىن توسىغان ئامىل پەقەتلا بۇ نامازنىڭ سىلەرگە پەرىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدۇر دېدى .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «أفضل الصيام بعد شهر رمضان شهر الله المحرم، وأفضل الصلاة بعد الفريضة صلاة الليل»

(رواه النسائي وصححه الألباني)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: رامىزان ئېيىدىن قالسا ئايلارنىڭ ئەۋزىلى ئاللاھنىڭ مۇھەررەم ئېيىدۇر. پەرىز نامازدىن قالسا نامازلارنىڭ ئەۋزىلى كېچىنىڭ نامىزىدۇر.

نەسەئى رىۋايەت قىلغان ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «بني الإسلام على خمس: شهادة أن لا إله إلا الله وأن محمدًا رسول الله، وإقام الصلاة، وإيتاء الزكاة، وحج البيت، وصوم رمضان»

(رواه البخاري ومسلم)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنى " بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر " دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى بارپا قىلىش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «رغم أنف رجل ذكرت عنده فلم يصل علي، ورغم أنف رجل دخل عليه رمضان ثم انسلخ قبل أن يُغفر له، ورغم أنف رجل أدرك عنده أبواه الكبر فلم يدخلاه الجنة»

(رواه الترمذي وصححه الألباني)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قېشىدا ئىسمىم تىلغا ئېلىنىپ ماڭا دۇرۇت يوللىمىغان ئادەم خار بولۇپ كەتسۇن. رامىزان ئېيى كىرىپ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنماي تۈرۈپ چىقىپ كەتكەن (گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن) ئادەم خار بولۇپ كەتسۇن. قېشىدا ياشانغان ئاتا - ئانىسى بولغان، ئاتا - ئانىسى جەننەتكە كىرگۈزمىگەن ئادەم (ئاتا - ئانىسى رازى بولۇپ، بالام جەننەتكە كىرەرسەن دەپ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلمىغان پەرزەنت) خار بولۇپ كەتسۇن.

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن سهل بن سعد الساعدي رضي الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إن في الجنة بابًا يقال له الريان، يدخل منه الصائمون يوم القيامة، لا يدخل معهم أحد غيرهم، يقال: أين الصائمون؟ فيدخلون منه، فإذا دخل آخرهم، أغلق فلم يدخل منه أحد»

(رواه البخاري ومسلم)

سەھل ئىبنى سەئىد ئەسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: جەننەتتە بىر ئىشىك بار، ئۇنىڭ ئىسمى رەييان (تەشنالىق باسقۇچى، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچى. ت) دۇر. قىيامەت كۈنى بۇ ئىشىكتىن پەقەت روزا تۇتقۇچىلارلا كىرىدۇ. روزا تۇتقۇچىلاردىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. روزا تۇتقۇچىلار قەيەردە ؟ دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكتىن روزا تۇتقۇچىلار كىرىدۇ. روزا تۇتقۇچىلار كىرىپ بولغاندا ئىشىك تاقىلىپ باشقا ھېچبىر كىشى كىرەلمەيدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال: سمعتُ النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «من صام يومًا في سبيل الله، بعد الله وجهه عن النار سبعين خريفًا»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەبى سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا ئاللاھ ئۇ ئادەمنى دوزاقتىن يەتمىش يىللىق ئۇزاق قىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «عمرة في رمضان تعدل حجة»

(رواه البخاري)

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: رامىزاندا (قىلىنغان) بىر ئۆمرە بىر قېتىملىق ھەجگە تەڭ كېلىدۇ.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان

عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: "كان رسول الله صلى الله عليه وسلم أجود الناس، وكان أجود ما يكون في رمضان حين يلقاه جبريل، وكان يلقاه في كل ليلة من رمضان فيدارسه القرآن، فلرسول الله صلى الله عليه وسلم أجود بالخير من الريح المرسلة"

(رواه البخاري ومسلم)

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ سېخى ئىنسان ئىدى. ئەڭ بەك سېخىلىشىدىغان چېغى بولسا رامىزاندا ، جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتا ئىدى. جىبرىئىل رەسۇلۇللاھ بىلەن رامىزاندا ھەر كېچە ئۇچرىشىپ قۇرئاننى بىللە ئۆگىنىشەتتى . ھەقىقەتەنمۇ رەسۇلۇللاھ ياخشىلىق قىلىشتا چىققان شامالدىنمۇ بەكرەك سېخى ئىدى. (شامال چىقسا تېگىپ ئۆتمىگەن نەرسە قالمىغاندەك رەسۇلىمىزنىڭ سېخىيلىقى تەگمىگەن ئادەم قالمايتتى)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «قال الله عز وجل: كل عمل ابن آدم له إلا الصيام، فإنه لي وأنا أجزي به، والصيام جنة، فإذا كان يوم صوم أحدكم، فلا يرفث يومئذ ولا يصخب، فإن سابه أحد أو قاتله، فليقل: إني امرؤ صائم، والذي نفس محمد بيده، لخلوف فم الصائم أطيب عند الله، يوم القيامة، من ريح المسك»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دېدى: ئادەم بالىسىنىڭ رامىزاندىن باشقا قىلغان پۈتۈن ئەملى ئۆزى ئۈچۈندۇر. رامىزان بولسا مېنىڭ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ موكاپاتىنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن. رامىزان بىر پەردىدۇر. ئەگەر بىرىڭلار بىر كۈنى روزا تۇتقان بولسا، ئۇ ئادەم شۇ كۈنى سەت گەپ قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، ئەگەر بىراۋ ئۇنى تىللىسا، ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا ئۇ: مەن رامىزان تۇتقان ئادەممەن - دېسۇن. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، رامىزان تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ بەتبۇيى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىپارنىڭ پۇرىقىدىنمۇ بەكرەك مېزىلىكتۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «الصيام جُنة فلا يرفث ولا يجهل، وإن امرؤ قاتله أو شاتمه فليقل: إني صائم مرتين»

(البخاري ومسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان پەردىدۇر. روزا تۇتقۇچى سەت گەپ قىلمىسۇن، جاھىللىق قىلمىسۇن. ئەگەر بىراۋ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا، ياكى تىللاشسا: مەن رامىزان تۇتقان - دەپ ئىككى قېتىم ئېيتسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

–عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «رُب صائم ليس له من صيامه إلا الجوع، ورُب قائم ليس له من قيامه إلا السهر»

(رواه ابن ماجه وصححه الألباني)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: نۇرغۇن روزىدارلار بار روزىسىدىن ئاچ قېلىشتىن باشقا نېسىۋىسى بولمايدۇ، نۇرغۇن كېچىسى ئىبادەت قىلغۇچىلار بار، كېچىلىك ئىبادىتىدىن ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا نېسىۋىسى بولمايدۇ.

ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من لم يدع قول الزور والعمل به، فليس لله حاجة في أن يدع طعامه وشرابه»

(رواه البخاري)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن:رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: كىمكى يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغانغا ئەمەل قىلىشنى تاشلىمىسا ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەكنى تەرك قىلىشىغا ھېچبىر ئېھتىياجى يوقتۇر.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان

عن حفصة رضي الله عنها عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «من لم يُبيت الصيام قبل الفجر، فلا صيام له»

(رواه النسائي وصححه الألباني)

ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ھەفسە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: كىمكى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن رامىزاننى قوندۇرۇپ قالالمىسا ئۇنىڭ رامىزىنى يوقتۇر. (يەنى بامداتتىن بۇرۇن رامىزانغا نىيەت قىلىپ بولالمىسا ئۇنىڭ روزىسى روزا ئەمەستۇر.)

نەسەئى رىۋايەت قىلغان ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن عائشة رضي الله عنها قالت: "دخل عليَّ النبي صلى الله عليه وسلم ذات يوم فقال: «هل عِندكم شيء ؟» فقلنا: لا، قال: «فإني إذن صائم»، ثم أتانا يومًا آخر فقلنا: "يا رسول الله، أُهدي لنا حَيس"، فقال: «أرِينيه، فلقد أصبحت صائمًا»، فأكل".

(رواه مسلم)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ: سىلەردە يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ ؟ دېدى. بىز: ياق - دېدۇق. رەسۇلۇللاھ ئۇنداقتا مەن رامىزان تۇتىمەن دېدى. كېيىن يەنە بىر كۈنى كەلدى، بىز: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بىزگە بىر ھەيس (خورما، پەينىر ۋە ياغ بىلەن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق ئىسمى) ھەدىيە كەلگەن ئىدى دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: كۆرسەتكىنە، سەھەردە روزىغا نىيەت قىلىۋالغان ئىدىم - دېدى ۋە ھەيستىن يېدى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

عن عائشة وأم سلمة رضي الله عنهما "أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يدركه الفجر وهو جنب من أهله ثم يغتسل ويصوم".

(رواه البخاري ومسلم)

ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئائىلىسى بىلەن بىللە بولغانلىقتىن جۇنۇپ ھالدا بامدات ۋاقتى كىرىپ قالاتتى، رەسۇلۇللاھ يۇيۇنۇپ روزا تۇتىۋېرەتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم: «تسحَّروا فإن في السحور بركة»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سوھۇرلۇق يەڭلار، سوھۇرلۇقتا بىر خىل بەرىكەت بار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن عمرو بن العاص رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «فصلُ ما بين صيامنا وصيام أهل الكتاب أُكلةُ السَّحَر»

(رواه مسلم)

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:بىزنىڭ روزىمىز بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ روزىسى ئارىسىدىكى پەرىق سوھۇرلۇق يېيىشتىندۇر.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

عن زيد بن ثابت رضي الله عنه قال: "تسحَّرنا مع النبي صلى الله عليه وسلم ثم قام إلى الصلاة، قلت: "كم كان بين الأذان والسحور ؟" قال: «قدر خمسين آية»"

(متفق عليه)

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق

دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سوھۇرلۇق يېگەن ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سوھۇرلۇق يەپ بولغاندىن كېيىن نامازغا تۇردى. مەن دېدىم: ئەزان بىلەن سوھۇرلۇق ئارىسىدا قانچىلىك (ۋاقىت) بار ئىدى؟ ئۇ: ئەللىك ئايەت (ئوقۇغۇدەك ۋاقىت) مىقدارى دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: "كان لرسول الله صلى الله عليه وسلم مؤذنان بلال وابن أم مكتوم الأعمى، فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إن بلالا يؤذن بليل، فكلوا واشربوا حتى يؤذن ابن أم مكتوم»، قال: ولم يكن بينهما إلا أن ينزل هذا ويرقى هذا".

(رواه البخاري ومسلم)

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھنىڭ بىلال بىلەن ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمدىن ئىبارەت ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ: بىلال كېچىدە ئەزان ئېيتىدۇ، ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئېيتقانغا قەدەر يەپ ئىچىۋېرىڭلار - دېدى. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەزانىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىت بۇ (ئۆگزىگە) چىقتى بۇ چۈشتى دېگۈچىلىكلا بار ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن سهل بن سعد رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «لا يزال الناس بخير ما عجّلوا الفطر»

(رواه البخاري ومسلم)

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسانلار ئىپتارغا ئالدىرىغانلا بولسا ياخشىلىق ئىچىدىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إذا أقبل الليل من ها هنا، وأدبر النهار من ها هنا، وغربت الشمس، فقد أفطر الصائم».

(رواه البخاري ومسلم)

ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: كېچە ماۋۇ ياقتىن (شەرىقتىن) كېلىپ، كۈندۈز بۇ يەردىن كەتسە ۋە كۈن كىرسە رامىزان تۇتتقۇچى ئىپتار قىلغان بولىدۇ . (يەنى روزىسى تامام بولغان بولىدۇ. ئىپتار قىلغان بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم بىر نەرسە يېيىشى شەرت ئەمەس)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: "كان النبي صلى الله عليه وسلم يفطر قبل أن يصلي على رُطبات، فإن لم تكن رُطبات فتميرات، فإن لم تكن تميرات حسا حسوات من ماء".

(رواه الترمذي وحسنه الألباني)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (شام) نامازدىن بۇرۇن بىر نەچچە دانە ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى. ھۆل خورما بولمىغىنىدا بىر نەچچە قۇرۇق خورما بىلەن، ئۇمۇ بولمىغىنىدا بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىپ ئىپتار قىلاتتى.

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ئەلبانى ھەسەن دەپ باھالىغان

عن عائشة رضي الله عنها قالت: "كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يُقبل وهو صائم، ويُباشر وهو صائم، ولكنه أملككم لأرَبه".

(رواه البخاري ومسلم)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ روزىدار ھالدا (خانىمىنى) سۆيەتتى . روزىدار ھالدا قۇچاقلايتتى. لېكىن ئۇ زات ئۆزىنى تۇتۇشنى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغان ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من نسي وهو صائم فأكل أو شرب فليتمّ صومه؛ فإنما أطعمه الله وسقاه»

(رواه البخاري ومسلم)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: بىر كىشى روزىدار ھالدا ئۇنتۇپ بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالسا روزىسىنى (تۇتۇشنى) داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن. ئۇنىڭغا ئاللاھ تائام بەرگەن ۋە سۇ بەرگەندۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي هريرة رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «من ذَرَعه القيء فليس عليه قضاء، ومن استقاء عمدًا فليقضِ»

(رواه الترمذي وصححه الألباني)

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشىنى ھۆ تۇتۇپ كەتسە (ۋە قۇسقان بولسا) رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتۇش كەتمەيدۇ. قەستەن قۇسقان ئادەم رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتسۇن.

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن لقيط بن صبرة رضي الله عنه قال: قلت: "يا رسول الله، أخبرني عن الوضوء، قال: «أسبغ الوضوء، وخلِّل بين الأصابع، وبالغ في الاستنشاق إلا أن تكون صائمًا»"

(رواه أحمد وأصحاب السنن وصححه الألباني)

لەقىيت ئىبنى سەبرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى ماڭا تاھارەت ھەققىدە گەپ قىلىپ بەرسىلە، دېۋىدىم رەسۇلۇللاھ: تاھارەتنى كامىل ئالغىن، بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىنى ئارىلا، (يۇيۇلماي قالمىسۇن) روزىدار بولمىغان ئەھۋالدا

ئاغزىڭغا راۋرۇس سۇ ئېلىپ چايقا (مۇكەممەل شەكىلدە غەرغەرە قىلغىن) دېدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەسھابۇسسۇنەن رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن

عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: "كان رسول الله صلى الله عليه وسلم في سفر فرأى رجلًا قد اجتمع الناس عليه، وقد ظلل عليه، فقال: «ما له؟» قالوا: رجل صائم، فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «ليس من البر أن تصوموا في السفر»"

(رواه البخاري ومسلم)

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ بىر سەپەردە ئېدى، بىر ئادەمنى كۆردى، ئۈستىگە باشقىلار ئولىشىۋالغان بولۇپ بېشىغا سايىۋەن قىلىپ قويۇلغان ئېدى. رەسۇلۇللاھ: نىمە بولۇپتۇ ؟ دەپ سورىغان ئېدى كىشىلەر روزىدار ئادەم ئىكەن دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ (بۇنى ئاڭلاپ): سەپەردە روزا تۇتۇشۇڭلار ياخشى ئىش ئەمەس دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن حمزة بن عمرو الأسلمي رضي الله عنه أنه قال: "يا رسول الله، أجد بي قوةً على الصيام في السفر، فهل عليَّ جناح؟" فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «هي رخصة من الله، فمن أخذ بها فحسن، ومن أحبَّ أن يصوم فلا جناح عليه»

(رواه البخاري في الصوم ومسلم)

ھەمزە ئىبنى ئەمىر ئەلئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ رەسۇلۇللاھقا: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مېنىڭ سەپەردە روزا تۇتۇشقا قۇربىتىم يېتىدۇ ، روزا تۇتسام ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟ دېگەن ئىدى رەسۇلۇللاھ: (سەپەردە روزا تۇتماسلىق) ئاللاھنىڭ رۇخسىتىدۇر. رۇخسەتنى تۇتقان كىشىگە بۇ ياخشى، روزا تۇتۇشنى خالىغان كىشىگە گۇناھ بولمايدۇ – دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن أبي سعيد الخدري وجابر بن عبد الله رضي الله عنهما قالا: "سافرنا مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فيصوم الصائم، ويفطر المفطر، فلا يعيب بعضهم على بعض"

(رواه مسلم)

ئەبى سەئىدىلخۇدرى ۋە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ ئىككىسى مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە سەپەردە ئىدۇق. روزا تۇتقانلار تۇتاتتى، تۇتمىغانلار تۇتمايتتى، ھېچكىم ھېچكىمنى ئەيىپلىمەيتتى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

عن أنس رضي الله عنه قال: "كنّا مع النبي صلى الله عليه وسلم في السفر، فمنا الصائم ومنا المفطر، قال: فنزلنا منزلًا في يوم حارٍّ، أكثرنا ظلًّا صاحب الكساء، ومنا من يتقي الشمس بيده، قال: فسقط الصُوَّام، وقام المفطرون فضربوا الأبنيةَ وسقوا الركاب، فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «ذهب المفطرون اليوم بالأجر»"

(رواه البخاري ومسلم)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە سەپەردە ئىدۇق، ئىچىمىزدە روزا تۇتقۇچىلارمۇ بار ، تۇتمىغانلارمۇ بار ئىدى. بىر ئىسسىق كۈنى بىر يەرگە چۈشتۇق. كاسايا (چوڭراق پۈركەنجە) كەيگەنلەرنىڭ سايىسى چوڭراق ئىدى. بەزىلىرىمىز قولىنى سايىۋەن قىلىپ ئاپتاپتىن ساقلىناتتى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ : روزىدارلار يەرگە چاپلىشىپلا كېتىشتى. روزا تۇتمىغانلار قوپۇپ چېدىرلارنى تىكىپ، يولۇچىلارغا ئۇسسۇلۇق بېرىشتى. (بۇنى كۆرگەن) رەسۇلۇللاھ: بۈگۈن روزا تۇتمىغانلار ئەجرنى ئېلىپ كەتتى دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن عائشة رضي الله عنها أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «من مات وعليه صيام صام عنه وليه»

(رواه البخاري ومسلم)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (تۇتۇشقا تېگىشلىك) قازا رامىزىنى بار ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ۋەلىيسى (بالىسى دادىسى ۋە ياكى ھەر قانداق بىر يېقىنى) ئۇنىڭغا ۋاكالەتەن روزا تۇتۇپ قويىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن زيد بن خالد الجهني رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من فطَّر صائمًا كان له مثلُ أجرِه غيرَ أنه لا ينقص من أجر الصائم شيئًا»

(رواه أحمد وأصحاب السنن وصححه الألباني)

زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: بىر روزىدارنى ئىپتارلاتقان ئادەمگە روزا تۇتقۇچىغا بولغانچىلىك ئەجىر بولىدۇ . ئەمما روزىدارنىڭ ئەجرىدىنمۇ ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەسھابۇسسۇنەن رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن عبد الله بن عمرو أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «الصيام والقرآن يشفعان للعبد يوم القيامة، يقول الصيام: أي رب، منعتهِ الطعام والشهوات بالنهار فشفِّعني فيه، ويقول القرآن: منعته النوم بالليل فشفعني فيه، قال: فيُشفَّعان»

(رواه أحمد وصححه الألباني)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ۋە قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندىگە شائائەتچى (ئارىچى) بولىدۇ . رامىزان ئېيتىدۇ: ئەي رەببىم ، مەن ئۇ بەندەڭنى كۈندۈزدىكى يېمەك - ئىچمەك ، ھوزۇر - ھالاۋەتتىن توسۇپ

قويغان ئېدىم ، مېنىڭ شاپائىتىمنى قوبۇل قىلغان بولساڭ - دەيدۇ. قۇرئان ئېيتىدۇ: ئەي رەببىم ، مەن ئۇنى كېچىدىكى ئۇيقۇسىدىن توسۇپ قويغان ئېدىم، مېنىڭ شاپائىتىمنى قوبۇل قىلغان بولساڭ - دەيدۇ . رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ شاپائىتى (ئارىچىلىقى) قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

–عن عائشة رضي الله عنها قالت: "كان النبي صلى الله عليه وسلم إذا دخل العشر شدَّ مئزره وأحيا ليله، وأيقظ أهله".

(رواه البخاري ومسلم)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزانىنىڭ ئونى كىرسە بەلنى چىڭ باغلاپ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويغىتاتتى

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

عن عائشة رضي الله عنها قالت: "كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يجتهد في العشر الأواخر ما لا يجتهد في غيره".

(رواه مسلم)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا باشقا ئايلاردىكىدىن ئالاھىدە تىرىشىپ ئىبادەت قىلاتتى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

عن عائشة رضي الله عنها قالت: "كان النبي صلى الله عليه وسلم يعتكف في العشر الأواخر من رمضان".

(رواه البخاري)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاف قىلىدىغان ئىدى.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان

عن ابن عباس رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم قال في ليلة القدر: «التمسوها في العشر الأواخر من رمضان»

(رواه البخاري، ورواه مسلم عن ابن عمر رضي الله عنهما)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قەدىر كېچىسى ھەققىدە : سىلەر ئۇنى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىزدەڭلار- دېگەن ئىدى.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان، ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەردىن رىۋايەت قىلغان

عن عائشة رضي الله عنها قالت: "قلت: يا رسول الله، أرأيت إن علمتُ أي ليلةٍ ليلةُ القدر ما أقول فيها ؟" قال: «قولي: اللهم إنك عفو تحب العفو فاعف عني»

(رواه أحمد وأصحاب السنن وصححه الألباني)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېگەن: مەن : ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر مەن قايسى كېچىنىڭ قەدىر كېچىسى ئىكەنلىكىنى بىلسەم ئۇ كېچىدە نىمە دەيمەن؟ دېگەن ئىدىم رەسۇلۇللاھ: "أللهم إنك عفو تحب العفو فاعف عني " ئى ئاللاھ، سەن ئەپۇ چانسەن. ئەپۇنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن " - دېگىن دېدى.

ئەھمەد ۋە ئەسھابۇسسۇنەن رىۋايەت قىلغان ئەلبانى سەھىھ دەپ باھالىغان

عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: "فرض رسول الله صلى الله عليه وسلم زكاة الفطر من رمضان على الناس، صاعًا من تمر، أو صاعًا من شعير، على كل حر أو عبد، ذكر أو أنثى، من المسلمين"

(رواه البخاري ومسلم)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىتىر سەدىقىسىنى ھەر بىر ھۆر، قۇل، ئەر، ئايال مۇسۇلمانغا بىر سا خورما ، ياكى بىر سا (تەخمىنەن 2.04 كىلو گىرەم ئەتراپىدىكى ئېغىرلىق بىرلىكىدۇر، بەزى رايۇن ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا سا ئۈچ كىلودىن ئاشىدۇ) ئارپا قىلىپ بېكىتتى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

عن أبي أيوب الأنصاري رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «من صام رمضان ثم أتبعه ستا من شوال كان كصيام الدهر»

(رواه مسلم)

ئەبى ئەييۇب ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ ئارقىدىن (ھېيتتىن كېيىن) ئالتە كۈن ئۇلاپ تۇتسا، يىل بويى روزا تۇتقاندەك بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

عن أبي قتادة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «ثلاث من كل شهر، ورمضان إلى رمضان، هذا صيام الدهر كله»

(رواه مسلم)

ئەبى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن (روزا تۇتۇش) بىر رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە بۇ پۈتۈن يىل بويى روزا تۇتۇشتۇر - دېگەن ئىدى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان